# شىددەتلىك دولقۇندا باتۇرلۇق بىلەن چىڭ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئامىمىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشقىچە، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئاچقۇچلۇق ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە مۇھىم قەدەم تاشلاشقىچە، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن دۇنياۋى ئىدارە قىلىشقا قاتنىشىشقىچە…

نۇرغۇن مۇستەھكەم مۇۋەپپەقىيەتلەر گىرەلىشىپ نۇر چېچىپ، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتىنى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدىكى تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكنى ئىنچام تەسۋىرلەپ بەردى.

ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر تارىخ بېتىگە يېزىلدى، مەردانە قەدەم تاشلاندى — بۇ بىر يىلدا، قۇرۇلغىنىغا 70 يىل بولغان يېڭى جۇڭگو تازا گۈللەنگەن يېپيېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئابىدىسىنى تىكلىدى؛

پايانسىز دېڭىزدىكى كۈچلۈك بوراندا، رول تۇتۇلۇپ يۆنىلىش بەلگىلەندى — بۇ بىر يىلدا، جۇڭگو دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مۇرەككەپ خىرىسلارغا سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇردى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا، جۇڭگو ئىقتىسادى سىلىق ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى؛

ئورتاق تەقدىرداش بولۇپ، دەۋر مەسئۇلىيىتى زىممىگە ئېلىندى — بۇ بىر يىلدا، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يەر شارنىڭ ئىدارە قىلىشقا پائال قاتنىشىپ، جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن بولغان باغلىنىشى تېخىمۇ زىچ بولدى؛

گۈللىنىش نۇرىدا يەلكەن چىقىرىلىپ يىراققا سەپەر قىلىندى — بۇ بىر يىلدا، خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش نىشانىغا قاراپ قەتئىي ئىلگىرىلەپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىندى.

2019 - يىلى بىلەن خوشلىشىپ، 2020 - يىلىغا قۇچاق ئاچتۇق.

بۇ بىر تارىخىي خاراكتېرلىك پەيت — ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا شۇ قەدەر يېقىنلاشتۇق، جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيناپ كېلىۋاتقان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىدۇ، بىز بۇ ئەۋلاد كىشىلەر بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا گۇۋاھ بولىمىز ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرىمىز ھەم ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە ئاتلىنىمىز.

بۇ بىر مەيدان جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بولۇپ — ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى تاماملاش بىلەن پۈتۈنلەي يېڭى تارىخىي باشلىنىش تەڭ ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇرچ ۋە ۋەزىپە دەستىلەندى. ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلگىرى ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىمىز، جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، بەلكى جەزمەن ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك، تالىشىپ ئولتۇرغۇدەك ھېچقانداق ئىمكانىيەت يوق.»

مەردانە قەدەم تاشلاپ، توختىماي ئالغا بېسىش.

«سىز جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسلىكىگە سايلانغاندا قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز؟» 2019 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئىتالىيە ئاۋام پالاتاسىدا، ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى فىيكو مۇشۇنداق سورىغانىدى.

«مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن.» رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قەتئىي سۆزى چوڭقۇر ھېسسىياتقا، كۈچكە تولغانىدى.

بەزى كۆرۈنۈشلەر خەلقنىڭ خاتىرىسىگە مەڭگۈ ئورناپ كېتىدۇ ——

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيى يېپىلغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى باشلاپ جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە جاراڭلىق ھالدا مۇنداق دېگەنىدى: «خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى دەل بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز.»

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى يېپىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم باش شۇجىلىققا سايلانغان شى جىنپىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق ۋەدە بەردى: «مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ تۇرمۇشى چوقۇم يىلدىن - يىلغا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.»

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىنايلى!

**(مۇخبىرلار چېن جىيى، جاڭ شۇدۇڭ، شيۇڭ جېڭيەن، ۋاڭ مىن، ئەن بېي، شى يۈسىن، بەي جىي، جۇ جىجەي، ليۇ خۈي)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، «تۈمەنلىگەن جاپا - مۇشەققەتتىمۇ يەنىلا قەيسەر تۇرۇپ، كۆرمىگلىغان جاپا - مۇشەققەت، زەربىلەرگە ئەگمدۇق باش، سوقسىمۇ بوران - چاپقۇن، ھېلىھەم تۇردۇق مانا ياپياش» بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا، ئۈچ ئىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. بىرىنچى، قىلچە تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىر پۈختا، مۇكەممەل ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسى بولۇپ، ئاساسىي قۇرۇلمىلىق رول ئوينايدىغان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈم، بۇنىڭ ئىچىدە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىغا ئىگە بولغىنى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى. پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ رەھبەرلىك تۈزۈمى. بىز ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، جەزمەن پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان تۈپ تەلەپنى ئاڭلىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. تۈزۈمنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىششى بىر ھەرىكەتچان جەريان بولۇپ، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىششىمۇ بىر ھەرىكەتچان جەريان، بۇنى بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس، بىر قېتىملىق ئەجىر بىلەن جاپادىن مەڭگۈ خالاس بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس. جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە تىرەك بولىدىغان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇلنى پۇختىلاش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچى، تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. تۈزۈمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىجرا قىلىشتا، جەزمەن تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ ھەر ۋاقىت ھەيۋىسى بولۇشى، ھەممە يەردە ئۈنۈمى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

---

# شىنجاڭ ساياھەت مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ۋۇچۇسكا ئېسىپ قويۇلدى

مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، شىنجاڭ ساياھەت مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى رەسمىي ۋۇچۇسكا ئېسىپ قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز شىركەتنىڭ ۋۇچۇسكا يوپۇقىنى ئاچتى ھەم شىركەت مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شىنجاڭ ساياھەت مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى يېتەكچىلىك قىلىپ قۇرغان تۇنجى ساياھەتنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان دۆلەت مەبلەغ سېلىش شىركىتى بولۇپ، ئۇ دۆلەت مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ساياھەت كەسپىگە مەبلەغ سېلىش - مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، كەسپلەرنى بىرىكتۈرۈش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، يۈرۈشتۈرۈش - باشقۇرۇش، سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم سۇپا.

ئەركىن تۇنىياز مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭ ساياھەت مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى زور خۇشاللىق ئىش، بارلىق خادىملار يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ بۇرچىنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت تەرەققىياتى يېغىنىدا قىلىنغان تۈرلۈك مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چۆرىدەپ، شىركەتنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سەۋىيەدە ياخشى تۈزۈشى، بۇنىڭدا مۇھىم، زور ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشى كېرەك؛ يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئىسلاھات تەپەككۇرى ئارقىلىق زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش شەكلى ئارقىلىق مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ۋاستىسىنى بېيىتىپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىشى ۋە ياخشى تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ سىستېما شەكىللەندۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك بايلىقنى بازارلاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى بازار سۇبيېكتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا تۈرتكە بولۇپ، گۇرۇھلاشقان، زەنجىرلەشكەن تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىشى، ئۆلچەم خادىسى بولۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

### خاتىرجەم ياشاش ئىناقلىق كۈيى ياڭرىتىلدى

«ھازىر كەنتىمىزدىكى ئۆيلەر ئازادە ھەم پاكىز، سىلەر ھەپتە ئاخىرىدا كۆپرەك كېلىپ قونۇپ كېتىڭلار.» 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، كۇچا شەھىرىنىڭ چىمەن بازىرى نىڭبو - كۇچا ئىتتىپاقلىق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى مەممەت ھاپىز شەھەردىكى ئىككى ئوغلىغا تېلېفون بېرىپ، ئۇلارغا خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ ئۆيگە كېلىپ جەم بولۇشنى ئېيتتى.

2017 - يىلىدىن باشلاپ، جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭبو شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ياردىمىدە، نىڭبو - كۇچا ئىتتىپاقلىق كەنتى تەدرىجىي ھالدا «ئولتۇراقلىششقا باب كېلىدىغان، ئىشقا ئورۇنلىشىش - ئىگىلىك تىكلەشكە باب كېلىدىغان، ساياھەت قىلىشقا باب كېلىدىغان» سوتسىيالىستىك يېڭى كەنتكە ئايلاندى ھەم دۆلەت 3A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىغا ئايلاندى. 2019 - يىلى، قوشنىلىرى بىلەن بىللە ئالدى ھويلىسىدا ئۈزۈم بارىڭى، ئارقا ھويلىسىدا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق رايونى بولغان يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن مەممەت دائىم پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «نىڭبونىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى بىلەن كەنتىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ‹ئۈلگىلىك كەنت›كە، بەختلىك ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەنتى›گە ئايلاندى.»

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا، ئەمىن تاپقاندىلا خاتىرجەم ياشىغىلى بولىدۇ. ئۈچ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ 80%تىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلدى. جىلىن ئۆلكىسى «مىڭ چاقىرىملىق رەسىم كارىدورى، يۈز كەنتنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ئونمىڭ ئاھالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سىلجىتىپ، جىمىنەي ناھىيەسىدىكى نەچچە مىڭ ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچىنى ئىچىدىغان سۇ ۋە توك تەمىنلەش ئەسلىھەلىرى بىلەن تەمىنلەپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلىدى؛ «غەربىي شىمالدىكى چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش بىرىنچى كەنتى» «شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەڭ گۈزەل قارلىق كەنت» «كونا ئائىلىلىكلەر» قاتارلىق خاس ساياھەت كەنتلىرىنى بەرپا قىلىشنى قوللاپ، شارائىتى يار بەرگەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ساياھەتچىلىككە قاتنىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى ياردەمگە ئېرىشكۈچى تۆت ناھىيە، 45 نامرات كەنت بىلەن قوشماقلىشىپ، ياردەم بېرىشنى ھۆددە ئېلىپ، بۇ جايلارنىڭ 70 مىڭ يۈرۈشتىن كۆپرەك ئەمىن ئۆي سېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ھويلا - ئاراننى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، «ئالدى ئۆي، ئارقىسى ھويلا» «ئۈستى تۇرالغۇ، ئاستى دۇكان» بولۇش قاتارلىق ئەندىزىلەر ئۈستىدە ئىزدەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ناھىيە بازىرىدىكى كارخانا باش ئىشتابى+يېزا - بازارلاردىكى كىچىك، ئۇششاق كەسىپلەر باغچىسى+كەنت ھەمراھ زاۋۇتلار+ئائىلىۋى ھۈنەرخانا»دىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ھەمتۈرتكىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى يولغا قويۇپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلاردىكى ئاممىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىلا كەنت باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇت، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنى قۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئۆيى بولۇش، قىلىدىغان ئىشى بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلىرى مەبلەغنى بىرلەشتۈرۈپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جاي بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 1400دىن كۆپرەك نامرات ئائىلىگە ھەقسىز ئەمىن ئۆي سېلىپ بەردى، 2019 - يىلى بورتالا ئوبلاستىنىڭ 7000 يۈرۈشتىن كۆپرەك ئەمىن ئۆي سېلىشىنى قوللىدى؛ 5 - شىدىكى نامرات تۇەن - چاڭ — 91 - تۇەننىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ 2018 - يىلى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا ياردەم بەردى.

تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا نەزەر سالساق، پىلانلىنىشى رەتلىك، خاسلىقى روشەن، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان ھەربىر ئەمىن مەھەللىگە، كىرىمى كاپالەتلىك، بېيىشتىن ئۈمىد بار ھەربىر ئىش ئورنىغا شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شەخسىيەتسىز ياردەم بېرىپ يۆلىشى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ يۈرەك قېنى، قان تەرى سىڭگەن.

### «ساغلام شىنجاڭ» يېڭى پىلانىنى سۈرەتلەش

«ساغلام شىنجاڭ» يېڭى پىلانىغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى مۇجەسسەملەنگەن، شۇنداقلا 9 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە كۈچى مۇجەسسەملەنگەن.

19 ئۆلكە، شەھەر شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە تاللاپ ئەۋەتكەن داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەممىسى يۇرتىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا تېخنىكا تايانچلىرى ۋە پەن باشلامچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلارنى ئىككىنچى يۇرتۇم دەپ بىلىپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلاردىكى ئاممىنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرۈپ، مېھرىبانلىقى ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقنى يەتكۈزدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى يەنە ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دوختۇرخانا باشقۇرۇش، كلىنىكىلىق دىياگنوز قويۇش - داۋالاش، پەنلەر قۇرۇلۇشى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، تېخنىكىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە كۈچ چىقىرىپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلارغا بىر تۈركۈم «ئەكەتكىلى بولمايدىغان» داۋالاش تايانچ ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، «قان بېرىش»تىن «قان ئىشلەش»كىچە بولغان ئىقتىدار ئۆزگىرىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلاردىكى ئاممىنى ئىشىكى ئالدىدىلا ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

شاڭخەي شەھىرى شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتە، قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - خەلق دوختۇرخانىسىنى باشلامچى قىلغان يېڭىچە داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسىنى داۋاملىق قۇرۇپ، كۈچەيتىپ، قەشقەردىكى تۆت ناھىيەنىڭ ناھىيە - رايون داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. داۋالاش ئىختىساسلىقلىرىنىڭ «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، شاڭخەينىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى يۈرەك ئىچكى كېسەللىرى، ئادەتتىكى تاشقى كېسەللەر، جۇڭگو تېبابىتى قاتارلىقلار بويىچە داڭلىق دوختۇرلار ئىشخانىسى قۇرۇپ، شاڭخەي ساغلاملىق تېببىي شۆيۈەنگە تايىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىن زاكازلىق، نىشانلىق تېببىي پەن ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ھەقسىز تەربىيەلىدى؛ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق نۇرغۇن داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلىرى ئالتاي ۋىلايىتى، بىڭتۇەن 10 - شىسىنىڭ داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلىرى بىلەن «تۇغقان بولۇپ قوشماقلىشىپ»، شۇ جاينىڭ داۋالاش، ئاممىۋى ساغلاملىق تېخنىكا مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، «لۇڭجياڭ دوختۇرلىرى لىنىيەسى» پائالىيىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، داۋالاش خىزمىتىنى ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنغان ئاممىۋى سەھىيە خىزمىتىگە ئايلاندۇردى؛ ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى گۇما ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىغا ياردەم بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش تورىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ئەنخۇي ئۆلكىلىك بالىلار دوختۇرخانىسى قاتارلىقلارنىڭ گۇما ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن «داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى» قۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان دوختۇرلار ئوندىن ئارتۇق «ئەنخۇي داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى خىزمەتى ئىشخانىسى» قۇرۇپ، «ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش» ئارقىلىق داۋالاش كەسپىي ياراملىقلىرىنى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈپ، كۆپ تۈرلۈك تېخنىكا بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، گۇما ناھىيەسىنىڭ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى، گۇما ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا كېسەل كۆرسىتىدىغانلار ئىككى يىلدا تۆت ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

زىيارەت جەريانىدا، مۇخبىر ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنىڭ كېسەلخانىسى، ئوپېراتسىيە ئۆيى، تەربىيەلەش ئۆيىدە، يېزا - بازارلىق شىپاخانىلار ۋە شەھەر - يېزىلاردىكى خالىس كېسەل كۆرۈش نەق مەيدانلىرىدا، كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىدىغان تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان دوختۇرلارنىڭ شەخسىيەتسىز كۆيۈمچانلىقى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى كۆردى.

### ماﺋارىپ ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش

«جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كىچىك دوستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۇتۇڭخۇا ئوقۇتۇشنىڭ بەلگىلىك قىيىنلىق دەرىجىسى بار، لېكىن مەن ئويۇن ئويناش، بالىلار ناخشىسى ئېيتىش ۋە ھېكايە سۆزلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئۇلارنى پۇتۇڭخۇا ئۆگىنىشكە قىزىقتۇردۇم» دېدى بېيجىڭدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ئوقۇتقۇچى ليۇ ئەيخۇا. خوتەن شەھىرىدىكى بېيجىڭ خەيديەن يەسلىسىگە كېلىپ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ئۇ بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپلا قالماي، يەنە شۇ جايدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا يەتكۈزۈش، ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ جايدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنىڭ تېز ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ماﺋارىپ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، 19 ئۆلكە، شەھەر قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى ئاھالىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ماﺋارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە تۈرتكە بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ماﺋارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش سېلىنما سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ماﺋارىپ سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ماﺋارىپقا ياردەم بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئەۋەتىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ماﺋارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى «ئۆزى تاللاش ھەرىكىتى»نىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، جان - دىل بىلەن شىنجاڭنىڭ ماﺋارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن «قان بېرىپ، قان ئىشلەپ»، شىنجاڭنىڭ ماﺋارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى.

ئاقتۇ ناھىيەلىك شۆسۈڭ ئوتتۇرا مەكتىپى جياڭشى ئۆلكىسى ماﺋارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە تولۇق مەبلەغ سېلىپ قۇرغان مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان تولۇق تۈزۈملۈك ئوتتۇرا مەكتەپ. مۇكەممەل ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، ئەلا ئوقۇتۇش سۈپىتى بۇ مەكتەپنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان داڭلىق مەكتەپ بولۇپ بەرپا قىلىنىشىغا پۇختا ئاساس سالدى. «جياڭشى ئۆلكىسى باشتىن - ئاخىر ماﺋارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان قۇرۇلۇش قىلىپ، يېڭىدىن سېلىنغان، ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ سېلىنغان بىر تۈركۈم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، يەسلىلەرنى ئىشقا كىرىشتۈردى» دېدى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ماﺋارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى سۇڭ ۋېنگۇاڭ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە، جېجياڭ ئۆلكىسى شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە 700دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى تاللاپ ئەۋەتتى، «قىزىلقۇم ئىشخانىسى» «قىزىل ئانار ئىشخانىسى» «چېڭلەن ئىشخانىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەردە تەسىس قىلىندى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى پۈتبول ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرۇپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلاردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەكىنى تەربىيەلىدى؛ خۇنەن ئۆلكىسى ياشلار، ئۆسمۈرلەر «قول تۇتۇشۇش»، تەكشۈرۈش ئۆمىكى، ئۆگىنىش ئۆمىكى، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى، يازلىق لاگېر قاتارلىق تۈرلۈك پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى كۆپ قېتىم تەشكىللەپ قانات يايدۇردى؛ فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى تۆت ئالىي مەكتەپ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن كەسپىي ماﺋارىپ بىرلەشمىسى قۇرۇپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلاردىكى جەمئىي 44 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشماقلىشىپ ياردەم بەردى ۋە ئۇلارنى يۆلىدى… ماﺋارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش «قەلبلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك» قىلىندى، مەدەنىيەت بويىچە ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش ئۇرۇقلىرى ياردەمگە ئېرىشكۈچى، ياردەم بەرگۈچى ئىككى جايدىكى ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىپ بىخ سۈردى.